# خەلق ئۈچۈن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش

## ـــ بورتالا ئوبلاستلىق ئادۋوكاتلار ساھە جەمئىيىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئەيىبو ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مۇدىرى چېن لىپى توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى مىڭشىڭ

«ئادۋوكات بولۇشتا مۇنداق ئۈچ پەزىلەت بولۇش كېرەك: جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش، كەسىپي ئەخلاققا رىئايە قىلىش، توغرا يولدا مېڭىش. يەنە ئۈچ روھىي ھالەتنى ھازىرلاش كېرەك: ھۆرمەت، مىننەتدارلىق، قانائەت» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئادۋوكاتلار ساھە جەمئىيىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئەيىبو ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مۇدىرى چېن لىپى ئاپتورغا.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان 26 يىلدىن بۇيان، چېن لىپى پۇختا ئاساسى، كەسىپتىكى ئەلا نەتىجىسى ھەمدە قانۇن ئاۋانگارتلىرىغا خاس قەلبى بىلەن قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشنى بۇرچ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ۋەزىپە دەپ بىلگەن مۇنەۋۋەر ئادۋوكات ئوبرازىنى تىكلىدى.

### ■ قانۇنغا بولغان ھۆرمەتنى شەمشەر قىلىپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش

ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش كەچۈرمىشى چېن لىپىنى سوتتا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇر، ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئادىللىق، ھەققانىيلىققا بولغان قەتئىي ئىنتىلىشكە ئىگە قىلدى.

2016 ـ يىلى، ئۇ مەسلىھەتچى بولغان مەلۇم ئورۇن زور پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن مەبلەغنى يەنە بىر كارخانىغا ئۆتنە بېرىپ، ئۆسۈم پەرقىنى يېمەكچى بولدى. چېن لىپىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، چېن لىپى بۇ ئورۇندىكىلەرگە كارخانىلار ئارا مەبلەغ ئۆتنە بېرىشنىڭ ئالاقىدار پۇل مۇئامىلە قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپ بولۇپ، ئىناۋەتسىز قىلمىش ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۆسۈم ئېلىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقنى ئۇقتۇردى. كارخانا مەسئۇلى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا مەبلەغ سېلىش ياكى سېتىۋېلىش ـ سېتىش قەرزى ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆتنە بېرىش ماھىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا، چېن لىپى قاتتىق تەلەپپۇزدا نەسىھەت قىلىپ: «بىز ئادۋوكاتلارنىڭ ئۆز كەسىپ ئەخلاقىمىز بار، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق شەكىل ئارقىلىق قانۇنسىز مەقسەتنى يوشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز ھەرگىز بولمايدۇ» دېدى. چېن لىپىنىڭ كۆچەپ نەسىھەت قىلىشى بىلەن بۇ كارخانا مەسئۇلى ئاخىر بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى.

نۇرغۇن كىشىلەر چېن لىپىغا نورمىدىن ئارتۇق نەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دېلو بېجىرگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلدى. چېن لىپى بۇنى قاتتىق رەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «بىر لاياقەتلىك ئادۋوكات قانۇن تۈۋەن چېكىنى ساقلاپلا قالماي، يەنە قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك».

قەيسەر ـ ھەققانىيەتچىل بولۇشتەك كەسپىي پەزىلەتكە تايىنىپ، چېن لىپى ئادۋوكاتلىق ساھەسىدە ياخشى ئىناۋەتكە ئېرىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئادۋوكاتلىق ساھەسىدىكى ئىلغار ـ نەمۇنىچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىش پائالىيىتىدە پارتىيەلىك ئادۋوكاتلار بايراقدارى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئادۋوكات، شىنجاڭنىڭ ئادۋوكاتلىق كەسپىگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

### ■ خەلق ئۈچۈن پاك بولۇپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش

«مەن ئادۋوكات، شۇنداقلا بىر پارتىيە ئەزاسى، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ، پارتىيەنىڭ مەنپەئىتى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى باش ئورۇنغا قويىمەن.» چېن لىپى مۇشۇنداق دېدى شۇنداقلا ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. 26 يىلدىن بۇيان، چېن لىپى خەلق ئۈچۈن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

2007 ـ يىلى، ئۈچ ياشلىق ۋاڭ فامىلىلىك بالا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ كەسمە پالەچ بولۇپ قالدى، ۋەقە تۇغدۇرغان ئاپتوموبىلنى ۋەقە تۇغدۇرغۇچى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوموبىلنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇق مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، ھەرقايسى تۆلەم مەجبۇرىيىتى سۇبيېكتلىرى ئۆزئارا ئىتتىرىشكەنلىكتىن، تۆلەم بېرىش تۈرى ھەم ئۆلچىمى ئېنىق بولماي، تۆلەم تەلەپ قىلىش قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بالىنىڭ ۋەسىيسى چېن لىپىنى تېپىپ دەردىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان بەختسىزلىكى ۋە دۇچ كەلگەن ئىقتىساد، قانۇن جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ئېيتقاندا، چېن لىپى شۇ ھامان ۋاكالەت ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلدى ھەم مۇناسىۋەتلىك دېلو مەسىلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق، ۋاڭ فامىلىلىك بالىنىڭ مۇۋاپىق ئىقتىسادىي تۆلەمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىسپات ئىزدىدى، ئاخىرى، ۋاڭ فامىلىلىك بالا قانۇن بويىچە 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۆلەمگە ئېرىشتى.

دەۋادا ئۇتۇپ چىققاندىن كېيىن، چېن لىپى ئۇزاققىچە تىنچلىنالمىدى. ئۇ ئەسلىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى كۆپىنچە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن ئەھۋال دەپ قارىغان بولۇپ، قانۇن ـ نىزاملارغا پىششىق بولماسلىق سەۋەبىدىن قىيىن ئەھۋالدا قالىدىغانلىقنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ بىر ئادۋوكات بولۇش سۈپىتى بىلەن دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ دەۋادا ئۇتۇشىغا ياردەم قىلىپلا قالماي، ئادۋوكاتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي ھېس قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چېن لىپى ئاممىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا تېخىمۇ بېرىلىپ، دائىم قىيىنچىلىقى بار ئامما ئۈچۈن ھەقسىز ۋاكالەتچىلىك قىلىپ، ھەقسىز مەسلىھەت بېرىپ، قاتناش ھەققى، تاماق ـ ياتاق ھەققىنى تۆلەپ بەردى.

### ■ بۇرچنى ئورۇنداپ، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش

يىللارنىڭ چېنىقتۇرۇشى، تاۋلىشى ئارقىلىق، چېن لىپى ئادەتتە دېلولارنى بېجىرگەندىن سىرت، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر ئادۋوكات زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ كۆپ زىممىسىگە ئالدى.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان 26 يىلدىن بۇيان، چېن لىپى جەمئىي بېجىرگەن ھەر خىل دېلو 1000دىن ئاشتى، 2000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق قانۇندىن خالىس مەسلىھەت بەردى، 50 نەچچە قېتىم قانۇن لېكسىيەسى ئۆيۈشتۇردى، 40 نەچچە ھۆكۈمەت ئورگىنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلق نازارەتچىسى، بورتالا ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى نىزام چىقىرىشتىن مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، بورتالا ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ نىزام چىقىرىشتىن مەسلىھەت بەرگۈچىسى قاتارلىقلارغا تەكلىپ قىلىندى.

بىر تامچە سۇمۇ قۇياشنىڭ نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. چېن لىپى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈرمەكتە، كەسىپداشلىرى ئۇنىڭغا «تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ياۋاش كىشى» دەپ باھا بەردى، ئەمما ئۇ ئۆزى سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگەكلەردىن پەقەتلا ئۆكۈنۈپ باقمىدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق جەمئىيەتكە پايدىلىق، باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىر خىل بەخت».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقى ۋە سەپەرۋەر قىلىدىغانلىقىنى گەۋدىلىك نامايان قىلدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشچە، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن: 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىدۇ، تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن كاتتا ھەربىي پارات ۋە ئاممىۋى نامايىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا پايتەخت دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى پايتەختتىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچىدۇ ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنىنى ۋە ساليوت ئويۇنىنى كۆرىدۇ. خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق تارقىتىش ـ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنى قوغداشتا مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئالىيجاناب، ئاممىۋىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلار، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالماشتۇرۇش ـ ھەمكارلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان چەت ئەللىكلەر، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان، يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئالىيجاناب، ئاممىۋىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» «دوستلۇق ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىلىدۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئۆزى ئوردېن، مېدال، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى ئالدىدا خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە پايتەختتىكى ھەر ساھە ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نامىدا، خەلق سارىيىدا تەنتەنىلىك ھالدا دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش، كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىدۇ. خەلق سارىيىدا چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل، تارىخىي داستان شەكلىدە كۆرستىلىدىغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى «كۈرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. 9 ـ ئايدىن باشلاپ، بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ نامىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش» خاتىرە مېدالى تارقىتىلىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسى مەزمۇن قىلىنىپ، چوڭ تىپتىكى ھۆججەتلىك مەخسۇس فىلىم ئىشلىنىپ كۆرستىلىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش تېما قىلىنىپ، بىر يۈرۈش خاتىرە پۇل ۋە بىر يۈرۈش خاتىرە پوچتا ماركىسى تارقىتىلىدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشچە، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ھەم داغدۇغىلىق، قىزغىن ھەم ئەمەلىيەتچىل، تېجەشلىك بولۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئىسراپچىلىق قىلىنمايدىكەن. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، شەكلى كۆپ خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرىدىكەن. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى «سەلتەنەتلىك 70 يىل . كۈرەشچان يېڭى دەۋر» چوڭ تىپتىكى باش تېمىلىق زىيارەت پائالىيىتى، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېمىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتى، «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى قاتارلىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى، كۈرەشچان يېڭى دەۋرنى مەدھىيىلەيدىغان ياڭراق مېلودىيەنى كۈچەپ ياڭرىتىدىكەن.

---

# مەخسۇس تۈزەش ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، يېرى تېخىمۇ يېشىل، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك بولۇشنى ئىلگىرى سۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى دىققىتىنى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاغرىش نۇقتىسى، قىيىن نۇقتا ۋە قىزىق نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى بېكىتىپ، تۈزىتىش تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتتى. بۇلغىنىش مەنبەسىنى دائىم نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئىختىيارىي تاللاپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ يولغا قويدى، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش» ئارىلاپ تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى شىنجاڭنىڭ مۇھىت رېۋىزىيە كۆچمە قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، كۆپ ياقلىق تەكرار تەكشۈرۈش ۋە گىرەلەشمە ئۈستىلەپ قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ كارخانىلار ۋە ئاممىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركەز مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى چۆرىدەپ، قايتا سېلىشتۇرۇپ، قايتا تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، قايتا ئالغا سىلجىتىپ، بىر قىسىم مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى تۈزىتىش سۈرئىتىگە كۆچلۈك تۈرتكە بولدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونى قاتتىق، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئۈنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتىنى كۆيدۈرۈپ توك چىقىرىش تۈردىن باشقا، باغراش ناھىيەسىنىڭ ھاسىلىي سۇدىن پايدىلىنىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، بۆگۈر ناھىيەسىنىڭ ھاسىلىي سۇدىن پايدىلىنىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، كۇچا ناھىيەسى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يۇندى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەركەز مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان تۈزىتىش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇلۇش چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىۋېتىپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ۋە چىقىرىشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن يۈشىن مۇنداق دېدى: «بىز ئاپتونوم رايوننىڭ رايون بوشلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى باھالاش ۋە ئىشتات خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش پىلانىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ھەربىر رايوندا قايسى تۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى، قايسى تۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاسراشنى ئىلگىرى سۈرىۋاتىمىز».

---

**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى مەڭگۈ كىچىك ھويلىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمەن

□ **چۆچەك شەھىرى يېڭىشەھەر كوچا باشقارمىسى قارادۆك مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سالىقجان ئىمىن**

مەن كونا جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولدۇم، كۆپ يىل پارتىيەنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدە بولدۇم. مەن بۇ يىل 73 ياشقا كىردىم، 2009 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر ھەپتىدە كىچىك ھويلامدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىپ، دۆلەت بايرىقى ئاستىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى باش تېما قىلىنغان لېكسىيە سۆزلەپ كەلدىم. بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشى ئۆزلۈكىدىن ھويلامغا كىلىپ دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمغا قاتنىشىپ، بۇ ئارقىلىق پارتىيە ۋە ۋەتەنگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بولدى.

ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشۇمدىكى سەۋەب، ئاتا ـ ئانام ۋە ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ماڭا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن بولغان. 1950 ـ يىلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مەلۇم قىسمى چۆچەك شەھرىگە كەلگەندە، دەماللىققا تۇرىدىغان جاي تاپالماي قالغاندى. ئاتا ـ ئانام ھويلىمىزدىكى تۆت ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ بەردى، يەنە ھويلىدىكى بىكار يەرنى ئازادلىق ئارمىيەنىڭ كۆكتات تېرىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بەردى. سەككىز يىل ۋاقىتتا، بىز جەڭچىلەر بىلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتتۇق. ئۇ چاغدا ھويلىمىزدا بىر قىزىل بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى، بۇ كۆرۈنۈش كاللامغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىكى ھەربىر سۆز ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە، مەن پارتىيە ۋە دۆلەت، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىش ئېتىقادىمنى مۇستەھكەملىدىم.

پارتىيەنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەن، يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولغان پۇقرا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر شۇنداق قارايمەنكى، ئۇلۇغ پارتىيە ۋە ئۇلۇغ ۋەتەن بولمىسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى بولمايتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمۇ بولمايتتى، مەن ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ بولمايتتى. پارتىيە بىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، مەن پارتىيەنى قىزغىن سۆيىمەن، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمەن، يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيىمەن، مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن.

مۇنداق بىر ماقال ـ تەمسىل ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان: «ئالتۇن ـ كۈمۈش ھەققىي بايلىق ئەمەس، ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق ھەققىي بەخت.» مېنىڭ ھەر مىللەت ئاممىغا شۇنداق دېگۈم بار، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى ئائىلىسىنىڭ قان ـ قېرىنداش ئەزالىرى، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزئارا زوقلىنىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، تىرىشىپ پارتىيەنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىمىز، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش قايسى بىر كىشىنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولماستىن، بەلكى بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.

بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، ئەخلاق نەمۇنىچىسىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت بايرىقى چىقىرىش ۋە لېكسىيە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ياخشى باشلامچى بولۇپ، ئۈلگە بولۇپ، ھەربىر كىچىك ھەرىكىتىم ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغداشقا تەسىرلەندۈرۈپ، تەسىر كۆرسىتىپ ۋە يېتەكلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

---

# تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىنى ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشىنى قاتتىق تەكشۈردى، ئېغىر بىر تەرەپ قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق، ئادەم سانىنى ساختا مەلۇم قىلىپ تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىنى كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، ئالداپ ئېلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەھۋالنى توغرا ئىگىلەپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، «بىز ئاشكارا تۈزەشتە چىڭ تۇردۇق، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى مەسىلە يىپ ئۇچى مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ، سالاھىيىتى ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان بىر تۈركۈم تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇردى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كەسپىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سۇڭ جۈنچياڭ.

تونۇشتۇرۇلۇشچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى مەخسۇس تۈزەش ئارقىلىق قانۇن بويىچە 123 كەسپىي تەربىيەلەش ئاپپاراتىدىن سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشنى تەلەپ قىلغان، 42 تەربىيەلەش ئاپپاراتىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سالاھىيىتىنى بىكار قىلغان، 183 تەربىيەلەش كەسپى(ئىش تۈرى)نى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈم مەسىلە يىپ ئۇچىنى بايقاپ، ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىنغان، ئالداپ ئېلىۋېلىنغان تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىنى پائال قايتۇرۇۋېلىپ، تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىنى ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئېغىر بىر تەرەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەسپىي تەربىيەلەشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئېچىپ، كەسپىي تەربىيەلەشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ راست نام تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش چارىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى يولغا قويدى، ھازىر بارلىق تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسىنى سىستېما ئىچىدە توردا ئىلتىماس قىلىش، توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسىدا «تولۇقلىما بېرىلگەنلەرنى جەزمەن كىرگۈزۈش، كىرگۈزۈلمىگەنلەرگە تولۇقلىما بەرمەسلىك» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىنى ساختا مەلۇم قىلىپ، كۆز بوياپ ئېلىۋېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى.